WAMY

الندوة العالمية للشباب الإسلامي

منطقة مكة المكرمة

# ھەج ۋە ئۆمرە ئەھكاملىرى



مختصر من كتاب العمدة في الحج والعمرة

باللغة الأويغورية

# ھەج ۋە ئۆمرە ئەھكاملىرى

أحكام الحج والعمرة باللغة الأويغورية.
مختصر من كتاب ( العمدة في الحج والعمرة) - جدة
للمؤلف : رضوان بن حسن أحمد رضوان
رقم الإيداع : ٣١٥٩ / ١٧
ردمك : ٣ – ٩٢٥ – ٣١ – ٩٩٦٠
الطبعة الرابعة ١٤٢٢هـ

كىتاپچىنىڭ ئىسمى: (ھەج ۋە ئۆمرە ھەققىدە ئاساسىي بىلىملەر) كىتابىدىن خۇلاسە - جىددە
ئاپتورى: رىدۋان بىن ھەسەن ئەھمەد ئەلرىدۋان
ھىجرىيەنىڭ ١٤٢٢ يىلى نەشىر قىلىنغان ئەرەپچە ٤ – باسمىسىغا ئاساسەن تەييارلاندى.
١٤٢٥ هـ – ٢٠٠٥ م – يىل ئۇيغۇرچە ١- بېسىلىشى.
بېسىپ تارقاتقۇچى: دۇنيا مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتى.

مۇقەددىمە:

الحمد لله وحده، والصلاة والسلام
على من لانبيَّ بعده، نبينا محمد وعلى
آله وصحبه أجمين، أما بعد.

ئاللاھ نىڭ بۇيرىقىنى بىجا كەلتۈرۈپ ئىسلام نىڭ ئاساسى قائىدىلىرىدىن بولغان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ بەيتىگە كەلگەن ھەر بىر كىشى ھەج ۋەئۆمرە قائىدىلىرىنى ئىسلام كۆرسەتمىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننەتلىرىگە مۇۋاپىق ئادا قىلىشى شەرتتۇر. چۈنكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ھەج پەرزىنى



ئادا قىلىش باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا ھەسسىلەپ مۇشكۈللەرنى يېڭىپ بەيتۇللاغا كەلگەندە بولىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن بۇ مۇشكىل ئىبادەت ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىشى لازىم. نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مىڭ مۇشەققەتتە قىلغان ھەج قوبۇل بولماي قالسا بەك ئەپسۇسلىق ئىش بولىدۇ، شۇڭا ئاللاھ قۇرئان كەرىمدا بىلمىگەن ئىشنى قىلماسلىق ھەققىدە پەرمان قىلغان، ھەربىر مۇسۇلمان بۇ ئۇلۇق ئىبادەتكە

ئاتلىنىشتىن بورۇن ئۇنىڭ ماھىيىتى، ئادا قىلىش قائىدە- تەرتىپلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى مۇكەممەل بىلىپ قىلىش، بىلمەي تۇرۇپ بىر ئىشقا قەدەم قويماسلىق كېرەك. قىلماقچى بولغان ئىشىمىز ئىبادەت بولسا شەرىئەتتىكى ئورنى، سىياسى بولسا ئاقىۋەتتىكى پايدا- زىيىنى، ئىقتىسادى بولسا پايدا- زىيان ئېھتىماللىرىنى رەسمى دەرسلىك قىلىپ ۋە ئەتراپلىق ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.



## ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

1- "عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم : أي الأعمال أفضل ؟ قال : " إيمان بالله ورسوله". قيل ثم ماذا ؟ قال : "حج مبرور" "ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دىن ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى قايسى ؟ دەپ سوئال سورالغاندا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن : " ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى(ئەلچىسىگە) ئىمان كەلتۈرۈش" ئۇندىن قالسىچۇ ؟

دىيىلگەندە : ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا قوبۇل
قىلىنغان ھەج" دەپ جاۋاب
بەرگەن .[بۇخارى، مۇسلىم]

2-"عن عائشة رضي الله عنها قالت :
قلت: يارسول الله، نرى الجهاد أفضل
العمل، أفلا نجاهد؟
قال: " لكن أفضل من الجهاد حج
مبرور".

"ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدىم
دەيدۇ : " ئى رەسۇلۇللاھ جىھادنىڭ ئەڭ
ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇق،
جىھاد قىلمايمىزمۇ؟ پەيغەمبىرىمىز
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ



جاۋاپ بەرگەن : لېكىن قوبۇل قىلىنغان
ھەج جىھاد تىنىمۇ ئەۋزەل" دېگەن .
[بۇخارى]

3- " عن أبي هريرة رضي الله عنه
قال : قال رسول الله صلى الله عليه
وسلم : " العمرة إلى العمرة كفارة لما
بينهما، والحج المبرور ليس له جزاء
إلا الجنة".

"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق
دەيدۇ : رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق
دېگەن : " بىر قېتىملىق ئۆمرە يەنە بىر
قېتىملىق ئۆمرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى
قىلغان گۇناھلارنى يۇيىدۇ .

سەممىيەتلىك بىلەن قىلىنغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتىن ئىبارەت" . [بۇخارى، مۇسلىم]

5-"عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: من حج فلم يرفث ولم يفسق، رجع كيوم ولدته أمه".

"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: " كىمكى ھەج قىلغاندا باشقىلاربىلەن جېدەللەشمىسە ، ناچار قىلىقلارنى ۋە بۇزۇق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماي ئايلىسىگە قايتىپ كەلسە



ئانىسىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىدىكىدەك گۇناھتىن پاكلىنىدۇ ". [بۇخارى، مۇسلىم]

### ھەجنىڭ ھۆكمى :

ھاياتىدا بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرز دۇر .

### ئۆمرىنىڭ ھۆكمى :

ئالىملار ئۆمرە ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشتا بولغان :

بىرىنچى : پەرز . بۇ ئىمامى شافىئىي نىڭ مەزھىبى.

ئىككىنچى : پەرز ئەمەس . (سۈننەت) بۇ ئىمامى ئەبى ھەنىفىنىڭ قارىشى .

## ھەجنىڭ شەرتلىرى :

**ھەج قىلىدىغان كىشى بۈ چۈن تۆۋەندىكى 5 تۈرلۈك شەرت توشمىغۇچە ھەج پەرز ئەمەس:**

1- مۇسۇلمان بولۇش .

2- ئەقىل- ھۇشى جايىدا بولۇش .

3- بالاغەتكە يەتكەن بولۇش .

4- ئەركىن بولۇش ( ئازات بولۇش، قۇل بولماسلىق)

5- ماددى ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىن قۇدرىتى يېتىدىغان بولۇش .



**بەشىنچى شەرتكە قارىتا ھەنەفى مەزھەبىنىڭ قاراشلىرى :**

1- ھەرەمگە قاتناش ۋاستىلىرى ئارقىلىق بېرىپ- كەلگۈچە ئارىلىقتا كېتىدىغان چىقىمغا ئىگە بولغاننىڭ ئۈستىگە بالا- چاقىلىرىنىڭ ھاجىتىدىن ئاشقۇدەك پۇل- مال قويۇپ كېتىش.ئەمما قاتناش ۋاستىلىرىدىن پايدىلانماي پىيادە ھەرەمگە بارالايدىغان بولسا مەيلى. بىر ئادەم ھەجگە پىيادە چىقىدىغان بولۇپ ئادىتى تىلەمچىلىك بولسا ھەج پەرز ئەمەس قىلغان ھەجى قوبۇل بولىشىمۇ ناتايىن.

جانابى الله مۇنداق دېگەن: (( ولله على الناس حج البيت من استطاع إليه سبيلا ومن كفر فإن الله غني عن العالمين )). تەرجىمىسى:" قادىر بولغان كىشىلەرنىڭ جانابى اللە نىڭ بەيتى(كەبىنى) ھەج قىلىشي يەنى تاۋاپ قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى . كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن ، زىيىنى ئۆزىگە) ، شۈبھىسىزكى جانابى الله ئەھلى جاھاندىن ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن بىھاجەتتۇر" . ئال ئىمران سۈرىسى97 - ئايەت .

2- جىسمانى جەھەتتىن ساغلام بولۇش.



3- يول خاتىرجەم بولۇش.( يولدا توسالغۇلار بولۇپ، ھەجگە بېرىش ئۈچۈن باشقىلارغا پارا بېرىپ تۇرۇپ ھەج قىلىش، دىنسىز ھۆكۈمەتلەر ھەجگە چىقىشتىن توسقان تەقدىردە ئادەمدىن ھەج نىڭ پەرزلىكى ساقىت بولىدۇ).

4- ئايال كىشى ھەج قىلىدىغان بولسا مەھرەم بولىشى شەرتتۇر.(يەنى مەھرەملىك شەرتى توشىدىغانلار دادا، ئاكا، يولدىشى ۋە تاغىلاردىن ئىبارەت) . بىز مىللەت ئىچىدە بۇلاۋاتقان يالغان مەھرەم بولۇش، مەھرەم بولغىنىغا پۇل ئېلىش قەتئى ئىسلام دىنى چەكلىگەن هارام ئىشتۇر .

## ھەجنىڭ تۈرلىرى

**ھەج ئىبادىتى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: ھەجى تەمەتتۇئ، ھەجى ئىفراد، ھەجى قىران.**

**ھەجى تەمەتتۇئ:** ھەج ئايلىرىدا ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ مەككىگە يېتىپ كېلىپلا تاۋاپ، ساپا قىلىپ باشنى چۈشۈرۈپ ياكى قىرقىپ ئېھرامدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ھەجگىچە مەككىدە تۇرۇپ زۇلھەججە ئاينىڭ 8- كۈنى (تەرۋىيە كۈنى) تۇرۇۋاتقان جايدىن ھەجگە ئېھرام باغلاپ ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىشتۇر.



**ھەجى ئىفراد:** يالغۇز ھەجگە نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلايدۇ، مەككىگە كېلىپلا تاۋاپ، ساپا قىلىدۇ، لېكىن چاچ ئالدۇرمايدۇ، ئېھرامدىنمۇ چىقمايدۇ، ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقالايدۇ.

**ھەجى قىران:** ئۆمرە ۋە ھەجگە بىرلىكتە ئېھرام باغلايدۇ. قىران ھەج ئىفرادقا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ھەج قىران قىلغان ئادەم مال بوغۇزلىشى كېرەك. ئىفراد قىلغان كىشى مال بوغۇزلىمىسىمۇ بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ تەۋسىيەسى بويىنچە مەزكۇر 3 تۈرلۈك ھەج نىڭ ئەۋزىلى تەمەتتۇئ .

قىران، ئىفراد نىيىتى بىلەن ئېھرام باغلىغان ئادەم تەمەتتۇئ قا ئۆزگەرتىۋالسىمۇ جايىز .

## ئۆمرە قىلىشنىڭ ئۇسۇلى

ئۆمرىگە ئېھرام باغلاشنى خالىغان كىشى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، غۇسل قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇمكىن بولسا بەدەنلىرىگە ئەتىر چېچىپ ئاندىن ئېھراملىقنى كىيىدۇ. ئۇندىن كېيىن



تۆۋەندىكىدەك تەلبىيە ئېيتىدۇ .
"لەببەيكە ئۆمرە - لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىيكە لەكە لەببەيك ، ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلك، لا شەرىكە لەك ." تەرجىمىسى: [لەببەيكە ئۆمرە (يەنى سىلىنىڭ رازىلىقلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆمرىگە نىيەت قىلدىم)ــ ئى ئاللاھ ! مەن سىلىنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشۇپ كەلدىم ، مەن سىلىنىڭ ئىتائەتلىرىدەدۇرمەن، پۈتۈن ھەمدۇ سانا ، سەلتەنەت ۋە نېئمەت سىلىگە

خاستۇر، سىلىنىڭ تەڭداشلىرى يوقتۇر.]
ئەر كىشى بۇ تەلبىيىنى ئۈنلۈك ئاۋاز
بىلەن ئوقۇيدۇ، ئايال كىشى يېنىدىكى
ئادەم ئاڭلىيالىغۇدەك ئوقۇسا كۇپايە.
ئېھرامدىكى ئادەم داۋاملىق تەلبىيەنى
كۆپ ئوقۇشى بولۇپمۇ ھەربىر ئۆزگىرىش
بولغاندا ياكى ئېگىز- پەسلەرگە ئۆرلىگەندە
ئوقۇشى كېرەك . داۋاملىق ئاللاھدىن:
ئوتتىن ساقلاش، جەننەتنى ئاتا قىلىش
ھەققىدىكى دۇئالارنى كۆپ قىلىشى
كېرەك. بىھۇدە سۆزلەر، غەيۋەت - شىكايەتلەر
گە ئەسلا بېرىلمەسلىك كېرەك . تەلبىيە



ئېيتىش ئۆمرە قىلغاندا تاۋاپنى باشلىغۇچە،
ھەج قىلغاندا ھېيت كۈنى شەيتانغا تاش
ئاتقۇچە داۋاملىق ئوقۇلىدۇ.
مەسجىدۇلھەرام(بەيتۇللا)غا كىرگەندە ئوڭ
پۇت بىلەن كىرىش ۋە مۇنداق دۇئا قىلىشى
كېرەك : " بىسمىللاھ ۋەسسالاتۇ ۋەسسالامۇ
ئەلا رەسۇلىللاھ، ئاللاھۇممەغفىرلىي زۇنۇبىي
ۋەفتەھ لىي ئەبۋابە رەھمەتىك، ئە ئۇزۇ
بىللاھىلئەزىم ۋە بىۋەجھىھىلكەرىيم ۋە
بىسۇلتانىھىلقەدىيم مىنەششەيتانىررە
جىيم" تەرجىمىسى : [بىلەن باشلايمەن،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام

يولدايمەن، ئى ئاللاھ گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن، رەھمەت دەرۋازىلىرىڭنى ئاچقايسەن، ئۇلۇق ئاللاھ ئەزىمىتىڭ، جامالىڭ ۋە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان قۇدرىتىڭ بىلەن مەلئۇن شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن]. ئۇندىن كېيىن ھەجەرۇلئەسۋەد تىن تاۋاپنى باشلايدۇ. مۇمكىن بولسا ھەجەرۇلئەسۋەد نى بۇسە قىلىدۇ، (سۆيىدۇ) مۇمكىن بولمىسا ئوڭ قولى بىلەن يىراقتىن ئىشارەت قىلسا ئاللاھ نىڭ ئىسمى كۇپايە.بۇسە قىلىمەن دەپ كىشىلەر بىلەن قىستىشىپ



باشقىلارغا ئازار بېرىش توغرا ئەمەس. ھەجەرۇلئەسۋەد نى ھەر بۇسە قىلغاندا مونۇ دۇئانى ئوقۇشى كېرەك : " بىسمىللاھى ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇممە ئىمانەن بىك، ۋە تەسدىقەن بىكىتابىك، ۋە ۋەفائەن بىئەھدىك، ۋەتتىبائەن بىسۇننەتى نەبىييىك مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ".

تەرجىمىسى: "ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ بۈيۈكتۇر. ئى ئاللاھ ساڭا ئىمان ئېيتتۇق، سېنىڭ كىتابىڭغا ئىمان كەلتۈردۇق، ئالغان ۋەدەڭگە ۋاپا

قىلدۇق،پەيغەمبەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نىڭ سۈننىتىگە ئەگەشتۇق."

ئۇندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ بەيتۇللاھنى چەپ تەرىپىدە قويۇپ تاۋاپنى داۋاملاشتۇرىدۇ، رۇكنى يەمانى (ھەجەرۇلئەسۋەتتىن بورۇنقى كەبىنىڭ بۇرجىكى) غا كەلگەندە بوسە قىلماستىن (سۆيمەستىن) يىراقتىن قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ ئۆتىدۇ. روكنى يەمانى بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەد ئارلىقىدا مونۇ مەشھۇر دۇئانى ئوقۇيدۇ: " رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىل ئاخىرەتى



ھەسەنەتەن ۋە قىنا ئازابەننار، ئاللاھۇممە ئىننىي ئەسئەلۇكەلئەفۋە ۋە لمەغفىرە ۋەل ئافىيەتە فىد دۇنيا ۋەل ئاخىرە".

تەرجىمىسى : " پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دونيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغايسەن، بىزنى جەھەننەم ئازابىدىن ساقلىغايسەن، ئى ئاللاھ مەن سەندىن دونيادا سالامەت قىلىشىڭنى، ئاخىرەتتە ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمەن ."

ھەرقاچان ھەجەرۇلئەسۋەدتىن ئۆتكەندە ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ. تاۋاپ جەريانىدا خالىغان دۇئانى قىلسا، قۇرئان تىلاۋەت قىلسا بولىدۇ. تاۋاپ، ساپا- مەرۋە ئارلىقىدا سەئيى قىلىشلار ئاللاھقا

ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىبادەتلەر بولغاچقا زىكىر- تەسبىھ بىلەن بولسىلا بولىدۇ.

**تاۋاپ جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تىگىشلىك 2 تۈرلۈك ىش بار:**

**بىرىنچى:** تاۋاپنى باشلىغاندىن ئاخىرلاشتۇرغۇچە ئۇڭ بىلەكنى دولىسى بىلەن قوشۇپ ئوچۇق قويۇش. تاۋاپتىن بىكار بولۇپلا يۆگىۋەتسە بولىدۇ.

**ئىككىنچى:** تاۋاپنىڭ بېشىدىن 3 تاۋاپنى ئاخىرلاشتۇرغۇچە تىز-تىز يۈرۈش كېرەك . قالغان 4 تاۋاپتا نورمال ماڭسا بولىدۇ.



تاۋاپنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقا تەرىپىدە يەڭگىل 2 رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ ، بىرىنچى رەكئەتتە قۇل يا ئەييۇھەلكافىرون، ئىككىنچى رەكئەتتە قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد نى ئوقۇيدۇ. نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن مۇمكىن بولسا ھەجەرۇلئەسۋەدنى بۇسە قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ساپا- مەرۋىگە چىقىدۇ، ساپا تېغىغا يېقىنلاشقاندا :" ئىننەسساپا ۋەلمەرۋەتە مىن شەئائىرىللاھ" دېگەن ئايەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇيدۇ. ساپا ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ كەبىنى كۆرگەندە كەبىگە

ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھقا ھەمدۇ-
سانا ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ
دۇئانى ئوقۇيتتى : " لائىلاھە ئىللەللاھۇ
ۋەھدەھۇ لا شەرىكەلەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋە
لەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن
قەدىير. لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ
ئەنجەزە ۋەئدەھۇ ۋە نەسەرە ئەبدەھۇ ۋە
ھەزمەلئەھزابە ۋەھدەھ ." تەرجىمىسى: "
ئاللاھ يىگانىدۇر، شېرىكى يوقتۇر،
پادىشالىق ئاللاھقا خاستۇر، ھەمدۇ-سانا
ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.
ئاللاھ يىگانىدۇر، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدۇ،



بەندىسىگە ياردەم بېرىدۇ ، دۈشمەن
گورۇھلارنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلىدۇ ."
مەزكۇر دۇئانى 3 قېتىم قايتۇرىلايدۇ .
ئۇندىن كېيىن ساپا دىن مەرۋىگىچە
ماڭىدۇ، يېشىل بەلگىگە كەلگەندە
باشقىلارغا ئازار بەرمىگەن ھالدا بارلىق
كۈچى بىلەن يۈگۈرەيدۇ، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام يېشىل بەلگە ئارلىقىدا
قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن ئېھرام
ئىچىدىن ئىككى تىزى كۆرۈنۈپ قالاتتى.
2- يېشىل بەلگىگە يەتكەندە مەرۋەگە
بارغۇچە نورمال ماڭاتتى، مەرۋىگە كەلگەندە

قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ قولىنى كۆتۈرۈپ ساپادا ئوقۇغان دۇئانى ئوقۇيتتى. ئۇندىن كېيىن مەرۋەدىن ساپا تەرەپكە قاراپ نورمال ماڭغاندىن كېيىن يەنە يۈگۈرەيدىغان يەرگە كەلگەندە يۈگۈرەيتتى. ساپاغا كەلگەندە باشتا قىلغاندەكلا كەبىگە قاراپ ئەينى دۇئانى ئوقۇيتتى. شۇنداق قىلىپ ساپا مەرۋە ئارلىقىدا 7 قېتىم سەيى قىلاتتى. (ساپا دىن مەرۋىگىچە بىر، مەرۋىدىن ساپاغا كەلسە بىر ھىساپلىنىدۇ، بەزىلەر ساپادىن مەرۋىگە بېرىپ يەنە ساپاغا قايتقاندا بىر دەپ سانايدىكەن بۇ پۈتۈنلەي خاتا ئۇنداق



قىلغان ئادەم ساپا مەرۋە ئارلىقىدا 14 قېتىم سەيى قىلغان بولىدۇ) ساپا مەرۋىدە سەيى قىلغان ئادەم دۇئا قىلسۇن ، قۇرئان ئوقۇسۇن، زىكىر- تەسبىھ ئېيتسۇن ھەممىسى بولىۋېرىدۇ . سەيىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئەر كىشى بېشىنى چۈشۈرىدۇ، ئايال كىشى چاچنىڭ ئۇچىدىن بارماققا ئورىغان مىقدارى قىسقارتىدۇ .چاچنى چۈشۈرگەن ئادەم باشنىڭ ھەممىنى چۈشۈرۈش كېرەك، قىسقارتقاندىمۇ باشنىڭ ھەممە تەرىپىدىن قىسقارتىش كېرەك. ئۆمرە قىلغاندا چاچنى

قىسقارتىسمۇ بولىدۇ ، ئەمما ھەج قىلغاندا چۈشۈرۈۋېتىش ئەۋزەلدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئۆمرە پائالىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان بولىدۇ . ئىھرامدىن چىقىپ تەبىئى كۈندىلىك ھاياتىغا قايتسا بولىدۇ .

## ھەج قىلىشنىڭ يۇسۇلى

ھەج ھىجرىيە يىلى زۇل ھەججە ئېيىنىڭ 8- كۈندىن 13- كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ ، سىلەرگە تۆۋەندە 8- كۈندىن باشلاپ ھەج پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقىچە ئېلىپ بارىدىغان ھەر كۈنلۈك ئىبادەتنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز :



- **تەرۋىيە كۈنى (زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى) قىلىدىغان ئىبادەتلەر :**

1- تىرناقلىرىنى ئېلىپ ، قولتۇق ۋە باشقا ئورۇندىكى تۈكلەرنى تازىلاش ، ئاخىرىدا غۇسلە قىلىپ ئېھرام باغلاش .

2- ئېھرام باغلىغاندا ھەجگە نىيەت قىلىپ تەلبىيە ئېيتىش(ئى الله مەن سىللىنىڭ رازىلىقلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەج قىلىشنى نىيەت قىلدىم، ماڭا ئۇنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەيلا، ۋە مەندىن قوبۇل قىلغايلا).

دۇئادىن كېيىن{لەببەيكە اللە هۇممە لەببەيك ، لەببەيك لا شەرىكە لەكە لەببەيك، ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلك، لا شرىك لىك} نى ئوقۇش.

3-يۇقىرقى ئىشلارنى ئېجرا قىلغۇچى ئېھرامغا كىرگەن بولىدۇ . ئېھرامغا كىرگەن كىشىنىڭ چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىشى ۋاجىپدۇر.

4- مىناغا چىقىپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ، ۋە كىچىسى مىنادا قۇنۇش .



5- مىنادا يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تەلبىيەنى (لەببەيك دۇئاسىنى) كۆپ ئوقۇش لازىم . ھەج قىلغۇچى بۇ دۇئانى ئوقۇشتىن بىرىنچى قېتىم شەيتانغا تاش ئېتىش بىلەن توختايدۇ .

6- زۇلھەججىنىڭ8-كۈنى پېشىم ، ئەسىر ، خۇپتەن قاتارلىق پەرزى تۆت رەكئەتلىك نامازلار قەسىر قىلىنىپ ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ .

**ئەرافات كۈنى ( زۇلھەججىنىڭ 9 – كۈنى) قىلىدىغان ئىبادەتلەر:**

1- ناماز بومداتنى ئوقۇپ كۈن چىققاندىن

كىيىن تەكبىر، تەلبىيە ئوقۇپ ئەراپاتقا
بېرىش.

2- ئەرەپات چىگراسى ئىچىدە ئولتۇرۇش، چىگرانىڭ سىرتىدا ئولتۇرغان بولسا ھەج ھىساپلانمايدۇ.

3- پېشىن ، ئەسىر نامازلىرىنى ئەرىپاتتا (جەمى تەقدىم)جەملەپ پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇش، ئوقۇش ئۇسۇلى ئىككى رەكئەتتىن بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇلۇدۇ.

4- قۇرئان ئوقۇش، زىكىر، تەسبىھ ، تەۋبە-ئىستىغپار، ئارزۇ ئارمانلىرىنى تىلەپ دۇئا



قىلىش ئارقىلىق ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك .

5- ئەرەپات چىگراسى ئىچىنىڭ ھەممىسى تۇرىدىغان ئورۇن ھىساپلىنىپ قايسى ئورۇندا تۇرسا بولىدۇ ، ئەرەپات تېغىغا چىقىش شەرت ئەمەس .

6- { لا ئىلاھە ئىللا الله ۋاھدەھۇ لا شەرىكە لەھۇ ، لەھۇ لمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋە ھۇ ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىيرْ} دېگەن زىكىرنى كۆپ ئېيتىش ياخشى.

7- كۈن ئولتۇرغۇچە ئەرەپات چىگراسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك كېرەك.

8- كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىغىر
بىسسىقلىق بىلەن مۆزدەلىفىگە قاراپ يولغا
چىقىش.

9- مۆزدەلىفىگە بارغاندا شام بىلەن
خۇپتەن نامازنى( جەمئى تەئخىير)
جەملەپ ئوقۇش،
ئوقۇش ئۇسۇلى شامنى ئۈچ رەكئەت
خۇپتەننى ئىككى رەكئەت بىر ئەزان
ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇلۇدۇ.

10- ناماز بومداتقىچىلىك مۆز دەلىفىدە
قونۇش . ياشانغان ، كىسەلچان كىشىلەر
يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ قونماستىن
مىناغا ئاتلانسا بولىدۇ .



● **ھەيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى**
**( زۇلھەججىنىڭ 10 – كۈنى )**
**قىلىدىغان ئىبادەتلەر:**

1- مۆزدەلىفىدە بومدات نامىزىنى
ئوقۇش .

2- بومدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن
كېيىن قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ
تەكبىر، تەھلىل ئوقۇپ ھاۋا سۈزۈلگىچە
ئارزۇ تىلەكلىرىنى تىلەپ دۇئادا بولۇش.

3- ھاۋا سۈزۈلگەندىن كېيىن كۈن
چىقىشتىن ئىلگىرى تەلبىيە
ئېيتىپ مىناغا قاراپ يولغا چىقىش.

4- مۇزدەلىفىدىن ياكى مىنادىن بولسۇن
شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلارنى تىيىش.
5- مىناغا كەلگەندىن كېيىن چوڭ
شەيتانغا 7 تال تاشنى ئارقا ئارقىدىن
ئېتىش ، ھەر بىر قېتىمدا الله ئەكبەر دەپ
ئېتىش، ئۇندىن كېيىن تەلبىيە ئېيتىش
توختايدۇ .
6- قۇربانلىق قىلىش . قۇربانلىق ھەجى
تەمەتتۇ ، ھەجى قىران قىلغانلارغا ۋاجىپ
بولىدۇ .
7- چاچنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش .
چاچنى قىسقارتقۇچى بىشىنىڭ ھەممە



يېرىدىن قىسقارتىشى لازىم.
بۇ ھالەتتە ئېھرامدىن يېرىم چىققان
بولىدۇ ، ئېھرامنى سىلىۋىتىپ يۇيۇنۇپ
باشقا كېيىم كەيسە بولىدۇ .
8- ئۇندىن كېيىن مەككىگە كىرىپ بەيتۇ
الله نى تاۋاپ قىلىش ، ئىككى رەكئەت
تاۋاپ نامىزى ئوقۇش، ئېھرامدىن پۈتۈنلەي
چىققان بولىدۇ .
9- ساپا مەرۋە تىغى ئوتتىرىسىدا سەيى
قىلىش .
10- مىناغا قايتىپ چىقىپ قونۇپ تەشرىق
كۈنلىرىنىڭ (زۇلھەججىنىڭ 11- ، 12- ،

13-) كېچىسىنى مىنادا ئۆتكۈزۈش . ئەگەر ئالدىرىسا ئىككى كۈن قونسا بولىدۇ .

**ھەيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ( زۇلھەججىنىڭ 11 – كۈنى ) قىلىدىغان ئىبادەتلەر:**

1- ھەر بىر پەرز نامازدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش .

2- ئۈچ شەيتاننىڭ ھەر بىرىگە يەتتە تالدىن تاش ئېتىش، ئالدى بىلەن كىچىك، ئوتتۇرا ، چوڭ شەيتانغا رەت بويىچە ئېتىش .

3- ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا الله ئەكبەر دەپ



ئېتىش ، تاشنىڭ چوڭلۇقى پۇرچاقتەك بولىدۇ .

4- ھەر بىر شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئورۇن زىچ بولمىسا قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش، ئەگەر ئورۇن زىچ بولسا ھەممە شەيتانلارغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن كەڭرى جايدا تۇرۇپ دۇئا قىلىش سۈننەتتۇر.

5- مىنادا دۇئا تەكبىر بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۇ جايدا قونۇش .

**• ھەيتنىڭ بۇچۇنچى كۈنى**

**( زۇلھەججىنىڭ 12 – كۈنى )**

**قىلىدىغان ئىبادەتلەر:**

1- مىنادا تۇرۇش جەريانىدا ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ زىكىر، تەسبىھ، تۆۋبە ئىستىغپارنى كۆپ قىلىش.

2- ئالدىنقى كۈنى ئاتقانغا ئوخشاش ئۈچ شەيتاننىڭ ھەر بىرىگە تەرتىپ بويىنچە7 تالدىن تاش ئېتىش.

3- ئالدىنقى كۈنى ئېلىپ بارغان پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە دۇئادا بولۇش.



4- ھەر نامازنىڭ پەرزىدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش سۈننەت .

5- ئەگەر ئالدىرىسىڭىز بۈگۈن تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى مىنادىن مەككىگە قايتسىڭىز بولىدۇ . ئەگەر ئالدىرىمىسىڭىز مىنادا قونسىڭىز ياخشى .

**ھەيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى ( زۇلھەججىنىڭ 13 – كۈنى ) قىلىدىغان ئىبادەتلەر:**

1- ھەر نامازنىڭ پەرزىدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش ، لېكىن بۇ تەكبىر ئېيتىش ئەسىرناماز بىلەن توختايدۇ .

2- بۇندىن ئىلگىرىكى ئىككى كۈن
ئىچىدە ئېلىپ بارغان تۆۋبە ئىستىغپار،
دۇئالارنى داۋاملاشتۇرۇش.
3- يەنىلا تەرتىپ بويىنچە ھەر بىر شەيتانغا
يەتتە تالدىن تاش ئېتىش .
4- مەككىگە قايتىپ كىرىش .
5- ئەگەرتېزدىن يۇرتىڭىزغا قايتىدىغان
بولسىڭىز ۋىدالىشىش تاۋابىنى قىلىپ
بەيتۇ الله بىلەن ۋىدالاشسىڭىز بولىدۇ.



## رىئايە قىلىشقا
## تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەر :

• ھەجنىڭ پەرزلىرى ئۈچ دۇر.

1-ئېھرام باغلاش ، 2- ئەرىپاتتا تۇرۇش ،
3- بەيتۇ الله نى تاۋاپ قىلىش 4- ساپا
مەرۋە ئوتتىرىدا سەيى قىلىش.
ئەگەر بۇ پەرزلەردىن بىرسى كەم بولۇپ
قالسا ، ياكى دۇرۇس ئادا قىلىنمىغان بولسا
قىلغان ھەجىڭىز ھەج ھىساپلانمايدۇ .
ئۇنداقدا كېلەر يىلى قايتىدىن ھەج
قىلىش لازىم.

- **ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى :**

1- ھەجگە نىيەت قىلىپ مىيقاتتىن
ئېھرام باغلاش .
2- ئەراپاتتا كۈن پاتقىچىلىك تۇرۇش .
3- مۇزدەلىفەدە قونۇش .
4- تەشرىق كۈنلىرى (يەنى ھېيتنىڭ
بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى)-
كۈنلىرى مىنادا قونۇش .
5- ھېيتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى،
ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۈنلىرى شەيتانغا
تاش ئېتىش .
6- ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى شەيتانغا



تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن چاچنى
چۈشۈرۈش ، ياكى قىسقارتىش .
7- بەيتۇ الله بىلەن ۋىدالىشىش تاۋاپى
قىلىش، بۇ تاۋاپ ھەيزدار ۋە نىپاستار
ئاياللارغا ۋاجىب ئەمەس. بۇ تاۋاپ
ھەرەمدە قىلىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى
ئىبادەت بولۇپ، يۇرتىغا قايتىدىغان
چاغدا قىلىنىدۇ.
شۇنى بىلىڭكى، ئەگەر يۇقىرىدىكى
ۋاجىبلاردىن بىرەرسى تەرك بولسا بىر
قوي قان قىلىپ مەككىنىڭ
پېقىرلىرىغا تارقىتىش ۋاجىپتۇر. ئى
ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ! سېنىڭ

رازىلىقىڭنى ئىزدەپ، ئەمرىڭگە ئىتائەت
قىلىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىپ
ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلدۇق. قىلغان
ھەجىمىزنى قوبۇل قىلغىن،
گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن،
بىزدىن رازى بولغىن ۋە بىزنى
جەننىتىڭگە كىرگۈزۈپ، مۇبارەك
جامالىڭنى كۆرگىلى نىسىپ قىلغىن.
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ
ساھابىلىرىگە ۋە ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا
رەھمەت قىلغىن .

الندوة العالمية للشباب الإسلامي

**World Assembly of Muslim Youth**

( ربنا تقبل منا ... )